1993 - يىل
6 - مارت
شەنبە
№ 9
(3663)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات

ЖАҢА ӨМІР
ЙЕҢИ ҺАЯТ
گېزىت 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.
جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي ھەپتىلىك گېزىت

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

## بايرىمىڭلار مۇبارەك بولسۇن، خانىم-قىزلار!




ر. جۇمەكېنوۋ سىزغان سۈرەت.

## جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىكىدە كىم نېمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئۆز بۇيرۇغى بىلەن ۋىتسې-پرېزىدېنت، باش مىنىستر، باش مىنىستر ئورۇنباسارلىرى، پرېزىدېنت ۋە مىنىسترلار كابىنېتى ئاپپاراتىنىڭ رەھبىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىپىلەرنى تەخسىم قىلدى.

شۇنىڭغا باغلىق دۆلەت باشلىغىنىڭ موشۇ مەسىلە بويىچە ئىلگەركى بۇيرۇغى كۈچىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىكىدە كىم نېمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؟

**ۋىتسې-پرېزىدېنت ئېرىك ئاسانبايېۋ**

پرېزىدېنتنىڭ ۋاكالىتى بويىچە ئۇنىڭ ئايرىم ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلايدۇ، پرېزىدېنت يوق بولغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئورنىغا قالىدۇ.

ۋىتسې-پرېزىدېنت ۋەزىپىسى-شۇنداقلا قازاقىستاننىڭ سۇۋېرېن دۆلەت سۈپىتىدە شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي ئېتىش ستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تەھلىل قىلىشتىن، ئىقتىسادىي ستراتېگىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مېخانىزمىلىرى بويىچە تەكلىپلەرنى تەييارلاشتىن، بازار ئىنستىتۇتلىرىنى ۋە بازار قائىدىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ھەم تەرەققىي ئەتكۈزۈشتىن، يېڭى ئىدېئولوگىيەنى ئىشلەپ چىقىشتىن ۋە تۇرۇشلۇق ئۆي مۇئەممىاسىنى، ئاھالىنى ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. دۆلەت مۇكاپاتلىرى بويىچە كومىسسىيەسىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**باش مىنىستر سېرگېي تېرېششېنكو**

بىۋاستە مىنىسترلار كابىنېتىنىڭ پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، مىنىسترلىكلەر، ئىدارىلەر، دۆلەت كومىتېتلىرى ۋە باشقا دۆلەت باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ، ۋىلايەتلەر ۋالىيلىرى، ئالمۇتا ۋە لېنىنسك شەھەرلىرى ھاكىملىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىي ئەتكۈزۈش بويىچە ئىشىنىڭ، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقىلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىنى ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ.

شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ بوھرانغا قارشى پروگراممىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر بويىچە مىللىي كېڭەشكە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئاگرار-سانائەت كومپلېكسى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش مەسىلىلىرىنى باشقۇرىدۇ.

**باش مىنىسترنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى دەۋلېت سېمبايېۋ**

تۈپ-ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇنىڭ ۋەزىپىسى مىنىسترلىكلەر ۋە ئىدارىلەرنىڭ، ۋىلايەتلەر ۋالىيلىرىنىڭ بازار ئىقتىسادىغا كۆچۈش پروگراممىسىنى ئورۇنلاش بويىچە پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن؛ دۆلەت باشقۇرۇش ئورگانلىرى پائالىيىتىنىڭ ئەتىجدارلىغىنى ئاشۇرۇشتىن ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلىي ستروكتۇرىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن؛ جۇمھۇرىيەت بيۇدجېتىنى، ئىندىكاتىۋلىق پلان-تەخمىنلەرنى ئىشلەپ چىقىشقا رەھبەرلىك قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلىنىشى ئۈستىدىن نازارەت قىلىشتىن، مالىيە، باھا ۋە ۋاليۇتا سىياسىتىنى شەكىللەندۈرۈشتىن؛ جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆلەم تەڭپۇڭلۇغى، تاشقى قەرىزى ۋە ۋاليۇتا جەھەتتىن تەڭشەش ئۈستىدىن نازارەت قىلىشتىن؛ ئاھالىنى ئىش بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارغا ئىش ھەققى تۆلەش، ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىش مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن؛ مىنىسترلىكلەر ۋە ئىدارىلەرنىڭ خەلق ئارا مالىيە ۋە ئىقتىسات تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئارا ھەرىكەت قىلىشنى تەمىنلەشتىن ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

**باش مىنىسترنىڭ ئورۇنباسارلىرى غالىم ئەبىلسېيىتوۋ**

ئۇنىڭغا دۆلەت پەن-تېخنىكىلىق سىياسىتىنى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي مەخسەتچانلىق ۋە ساھالار ئارا ئىلمىي ۋە پەن-تېخنىكىلىق پروگراممىلار بىلەن لايىھەلەرنى ئىشلەپ چىقىشنى ھەم ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىلىرى؛ پەن-تېخنىكىلىق تەرەققىياتنى ۋە تېخنولوگىيەلىك ئىنتىلىشنى تەمىنلەشنى رىۋاجلاندۇرۇش، ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، پلانلاش ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىلىرى؛ ئىلىم-پەن مىنىسترلىگىنىڭ پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش، مىنىسترلىكلەر بىلەن ئىدارىلەرنىڭ پەن-تېخنىكىلىق سىياسەت ۋە تېخنولوگىيەلىك تەرەققىيات مەسىلىلىرى بويىچە پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛ ئەخباراتلاشتۇرۇش، مۇداپىئە ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىلمىي-تەتقىقات ۋە تەجرىبە-كونسترۇكتورلۇق ئىشلارنى ژۈرگۈزۈش، مۇداپىئە، پەن-تېخنىكىلىق كومپلېكسلىرىنى ۋە كارخانىلىرىنى كونۋېرسىيەلەش مەسىلىلىرى؛ ئىلمىي، ئىلمىي-پېداگوگ كادرلارنى تەييارلاشنى، قايتا تەييارلاشنى ۋە ئۇلارنى ئاتتېستاتسىيەدىن ئۆتكۈزۈشنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى تاپشۇرۇلدى.

**ئاسىخات ژاباغىن**

دۆلەتنىڭ ماددىي ئىشلەپ چىقىرىش، قاتناش، ئالاقە، قۇرۇلۇش كومپلېكسى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقىلار ساھالىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇمۇمىي ۋە ئوپېراتىۋ مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مىنىسترلىكلەرنىڭ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئېنېرگېتىكا مۇستەقىللىغىنى تەمىنلەش قىسمىدىكى پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ.

**ۋەنىېك كەرىبژانوۋ**

ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۈلۈكنى دۆلەت قارمىغىدىن ئېلىش ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇش بويىچە مىللىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن، مۈلۈكنىڭ دۆلەتلىك ئەمەس شەكىللىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشتىن، مونوپولىيەگە قارشى سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن؛ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشتىن؛ دۆلەت مۈلكى بويىچە دۆلەت كومىتېتىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**قۇئانىش سۇلتانوۋ**

ئۇنىڭغا مەدەنىيەت، سەنئەت، بىلىم بېرىش، سالامەتلىكنى ساقلاش، ئەخبارات، مەتبۇئات، ئارخىۋ، تۇرىزم ۋە سپورت مەسىلىلىرى؛ ئىجتىمائىي-سىياسىي جەريانلارنى ئۆگىنىش ۋە تەخمىن قىلىش، مەنىۋىلىك ۋە مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەر مەسىلىلىرى؛ ئىجادىي ئىتتىپاقلار، ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋە ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئارا ئالاقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تاپشۇرۇلدى.

**پرېزىدېنت ۋە مىنىسترلار كابىنېتى ئاپپاراتىنىڭ رەھبىرى ئۆرتاي ئەبىقايېۋ**

ئاپپاراتنىڭ پرېزىدېنت ۋە مىنىسترلار كابىنېتى پائالىيىتىنى تەمىنلەش بويىچە ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى؛ كادرلار سىياسىتىنى ئىشلەپ چىقىشنى، دۆلەت باشلىغى ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تايىنلىنىدىغان كادرلارنى ئۆگىنىشنى ۋە ئۇلار بويىچە تەكلىپلەرنى بېرىشنى باشقۇرىدۇ.

* * *

پرېزىدېنت بۇيرۇغى بىلەن مىنىسترلار كابىنېتى رەھبەرلىگىنىڭ تۆۋەندىكى ئۆز ئارا ئالمىشىشى بەلگۈلەندى:

سېرگېي تېرېششېنكو- دەۋلېت سېمبايېۋ، ئاسىخات ژاباغىن؛ دەۋلېت سېمبايېۋ-ۋەنىېك كەرىبژانوۋ؛ ئاسىخات ژاباغىن- غالىم ئەبىلسېيىتوۋ؛ قۇئانىش سۇلتانوۋ-غالىم ئەبىلسېيىتوۋ.

(قاز تاگ).










ئېلىپبەنىڭ سۈرەتلىرىنى ر. يۈسۈپوۋ چۈشەرگەن.

## گېزىتىمىزنىڭ جان كۆيەرلىرى

### تۇرسۇنتاي مۇھەممەتوۋ:



### بېمىننەت دوست...

موشۇ كۈندە «يېڭى ھايات»نىڭ ھەر بىر يېڭى سانىنىڭ ئۆيۈمىزگە كېلىشىنى تور تەكوز بولۇپ كۈتىدىغان بولۇپ قالدۇق. گېزىتنىڭ كۈندىن-كۈنگە قىزىقارلىق چىقىشى ئۇنىڭ يولغا بىزنى قارىتىپ قويدى. «يېڭى ھاياتنىڭ» ئەل ئارىسىدا ئابروي تېپىشى ھەر بىر ئاق كوڭۇل ئادەم ئۈچۈن خوشال بولارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر ئۇنىڭغا «تاش» ئاتقىنى تۇردى. بۇ ھال ئۇنىڭ كامالەتكە يېتىۋاتقانلىقىنىڭ نىشانىسى، ئەلۋەتتە. پىشقان ئۈرۈككە كىم تاش ئاتمايدۇ...

«يېڭى ھايات» خەلق ئاۋازىغا ئايلىنىش ئۈچۈن بىر گىرۇھنىڭلا يېنى ئالماي، موشۇ پېتى ئوتتۇرىدا خالىس تۇرالىسا، تارازىنىڭ بېشىنى تەڭ تۇتالىسا، ئەل ئىچىدە تېخىمۇ ئىززەت-ھۆرمەت تېپىشى مۇقەررەر.

گېزىتنىڭ ھەر سانىدا تەڭ بولمىغاندا ئۇسسۇلۇغومىزنى قاندۇرىدىغان، ئادەمگە نەپ بېرىدىغان بىرنىككى ماتېريالنىڭ بولۇشى بىزنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، تولغاندۇرىدىغان ماقالىلىرى ئارقىلىق كىشىگە بېمىننەت نەپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى بېمىننەت دوست دەپ بىلگۈم كېلىدۇ.

«يېڭى ھاياتنىڭ» مۇراجىتىنى كېچىگۈرەك ئوقۇپ قالدىم، سەۋەۋى مەن ئۇ چاغدا ئانا ۋەتەنگە تۇققان كورگىلى سەپەرگە كەتكەن ئېدىم. قۇتلۇق ئويۇمگە قايتىپ كەلسەم ئائىلەمدە شۇ گەپ. باللىرىم ماڭا قاراپ تۇرۇغان ئېكەن. ياخشى ئىشنىڭ ئەرتە- كېچى يوق ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە توپلاش ۋاقتلىق - كامپانىيەلىك ئىش ئەمەسقۇ. ئائىلە تاباۋىتىم دەقەمدە بولۇپ 3000 سوم ئىئانە قىلىشنى لايىق كوردۇق. بۇ تېخى خىمىر ئۈچىدىن پىتىر. بىز ھەر بىر ئۇنى ئوقۇپ پايدىلىنىۋاتقان ئائىلە ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇش پەرىز دەپ ئويلايمىز. چۈنكى گېزىت ئوزىمىزنىڭ ئەمەسمۇ؟



ر. يۈسۈپوۋنىڭ سۈرىتى.

# تەشەككۇرنامە

تەشەككۇرنامە

ۋەتەننى سويۇش ئىمان جۈملىسىدىندۇر. ۋەتەن، مىللەت مەنپەيىتى يولىدا مىللىي بايلىغىمىز بولغان گېزىتنى ساقلاپ قېلىش ئىزگۈ نىيىتى بىلەن خالىس ياردەم-ئىئانە قىلغىنى ئۈچۈن تىسۋەندە ئىسمى شەرىپى ئاتالغان قېرىنداشلىرىمىزغا كاتتا تەشەككۇر ئىزھار قىلىمىز.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى.

ئالمۇتا «ترۇدوۋىك» مەھەللىسىدىن:

ئەنۋەر تۇرسۇنوۋ 200سوم
ھاكىمجان ئىبراھىموۋ 200سوم
ئابدۇلجان ئىبدىمىنوۋ 200سوم
يولداش باراتوۋ 100سوم
نۇردولەت مۇرادىلوۋ 200سوم
تۇرسۇنجان ئابدۇللايېۋ 1000سوم
ماھمۇتجان ئىمىنوۋ 200سوم
نۇرمۇھەممەت ئارزىيېۋ 50سوم
ۋاھاپ ۋارىسوۋ 100سوم
تۇرسۇنجان سەيدۇللايېۋ 80سوم
ئازات ئاقباشېۋ 1000سوم
ئەنۋەر ئىبدىمىنوۋ 300سوم
موخچۇلجان روزاخۇنوۋ 500سوم
ئاشىمجان روزاخۇنوۋ 500سوم
زوراەبۇۋى ئەخمەتوۋا 500سوم
ئەنۋەرجان مۇھەممەتوۋ 500سوم
ھېزبۇللام رازىيېۋ 380سوم
خېلچەم قۇربانوۋا 200سوم
ئىمەرجان ئازىنباقىيېۋ 200سوم
نېفمەت ئابدۇللايېۋ 1000سوم
باتۇر ئوسمانوۋ 200سوم
ئالىمجان ئاشىموۋ 1000سوم
ئەركىن تۇرالىيېۋ 300سوم
ئەركىن شىرخانوۋ 100سوم
يولداش سېيىتوۋ 450سوم
خېلچەم جەملوۋا 20سوم
ھەمرايېۋ 100سوم
ئابدۇللا تۇردىيېۋ 300سوم
جانارخان توختاخۇنوۋا 400سوم
ر. ئايۇپوۋ 2500سوم
دولقۇن روزىيېۋ 500سوم
رەپقە تىروزسايىتوۋ 300سوم
جەمئىي 13580سوم.

ئائىنى مەھەللە ۋەكىل بېشى ئەنۋەر تۇرسۇنوۋ تاپشۇردى.

ئالمۇتا شەھىرىدىن:

شاۋكەت مېھراموۋ 200سوم
مارىگۈل ئەلىيېۋا 1000سوم
مەھەممەتجان ھاسانوۋ 2000سوم

بامدىن:

ئابدۇمېجىت ھېتەكوۋ 15000سوم

ئەخمەتجان تاپشۇردى.

چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدىن:

ياقۇپ داۋۇتوۋ 1000سوم

چاردارا ناھىيەسىدىن:

مەريەم مۇقىموۋا 1000سوم

ئالمۇتا سۇلتان قورغان يېڭى روۋ كوچىسىدىن:

ئابدۇۋەلى ئوسمانوۋ 300سوم
پاتىگۈل ئوسمانوۋا 100سوم
ئەلجان ئوسمانوۋ 100سوم
سالجان ئوسمانوۋ 100سوم
ۋەلجان ئوسمانوۋ 50سوم
خۇرشىدە ئوسمانوۋا 100سوم
ئالدە ئوسمانوۋا 100سوم
ماھىرە ئوسمانوۋا 100سوم
سائادەت ئوسمانوۋا 50سوم

* * *

مىناھاجىدىن ھاجىم 300سوم
رەخمىتۇللا رازىيېۋ 300سوم
ئەركىن ئىمىنوۋ 400سوم
باۋدۇن باراتوۋ 500سوم
رېھان ئىمىنوۋا 100سوم
يارمەھەممەت يەھيايوۋ 200سوم
شىرىيازدان ۋەلىيېۋ 300سوم
ئابدۇللام باۋدىنوۋ 200سوم
بىسراۋدىن يۈسۈپوۋ 100سوم
ساۋۇت ھاپىزوۋ 100سوم
ئىمەرجان زايىروۋ 100سوم
قاسىم ھاكىموۋ 100سوم
ھېزىم ھەمرايېۋ 100سوم
ئابدۇللام مېرايېۋ 100سوم
ئوسمانجان ئايۇپوۋ 100سوم
سائادەت ئىلىموۋا 100سوم
مەھەممەتجان ئىسمائىل 100سوم
شوھرەت فىدايېۋ 100سوم
رەخمىتۇللا مەمەتەلى 100سوم
مالىك مەسىموۋ 100سوم
ئەزىز ھېيتباقىيېۋ 100سوم
رۇستەم غوجامبەردى 200سوم
مايىمنەم ھېتاخۇن 200سوم
ئەركىن ۋەلىيېۋ 200سوم
رېھان مۇسايېۋا 50سوم
روزاخۇن سېيىت 50سوم
ھۇراقىز زايىتوۋا 50سوم
ئابدۇللام سېيىتوۋ 50سوم
مۇختەر غوجامبەردى 50سوم
ئاسىيەم يۈسۈپوۋا 50سوم
نۇرەخمەت باقىيېۋ 50سوم
جەمئىي 5550سوم.

ئائىنى گېزىتىمىزنىڭ جان كويەرى ئابدۇۋەلى ئوسمانوۋ تاپشۇردى.

* * *

ئويسېنا كوچىسىدىن:

ئازات تۇرغانوۋ 2000سوم
نۇرۇللام ئارزىيېۋ 500سوم
نىجات ئىمىنوۋ 500سوم
ئالىم ئايپوۋ 500سوم
يولداش رەخمجان 500سوم
ئابدۇللام سادىقوۋ 500سوم
يۈنۈسجان سادىقوۋ 500سوم
ئومەرجان زايىروۋ 1000سوم
تۇيغۇن ھاشىموۋ 300سوم
شوھرەت مەرۇپوۋ 300سوم
پۇچۇنتاي ئازىنباقى 300سوم
كارامەت ئاخۇنبايېۋا 100سوم
ئابلىز تورە 250سوم
ئابدۇغېنى مۇھەممەت 200سوم
جۇماخۇن ۋاسىل 500سوم
نۇرمەمەت نەسىردىن 200سوم
تەلئەت تۇردى 200سوم
ئابلىمىت نوسمان 200سوم
غېناخۇن ھوشۇر 100سوم
سەيدۇللام ئىسلام 100سوم
تايىرجان ئاخۇنوۋ 100سوم
ماھمۇت سەيدىنوۋ 150سوم
مەردىن توختى 100سوم
ئەخمەتجان موردىن 100سوم
توختى سادىروۋ 100سوم
ئەكۋەر مەخسۇت 100سوم
ھاكىم جېلىلوۋ 100سوم
يارمەمەت پالتۇش 100سوم
ئەخمەتجان سوپاشېۋ 100سوم
نىزامدىن ھېسامدىن 100سوم
زۇنۇن نىزامدىن 50سوم
نادىلجان كىبىروۋ 150سوم
نۇرمەمەت زوردۇن 500سوم
مەمەتجان سادىقوۋ 100سوم
جەمئىي 10300 سوم.

ئائىنى ئابدۇرېھىم غەنى تاپشۇردى.

# خۇش مۇبارەك، نەۋروزى ئەييام!

ЖАҢА ӨМІР

# يېڭى هايات

ЙЕҢИ ҺАЯТ

1993 ژىل 20 مارت شەنبە
№ 11
(3665)

ئەركىن باها

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

گېزىت 1970 – ژىلى 1 – يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي ھەپتىلىك گېزىت

## ئالىي كېڭەش رىياسىتىنىڭ مەجلىسى

16– مارت كۈنى سېرىكبولسىن ئەبدىلدىنىنىڭ رەئىسلىگىدە ئالىي كېڭەش رىياسىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى.

ئېيتىلغان پىكىرلەر ھېساپقا ئېلىنىپ، «مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش توغرىلىق قازاقستان كىسىج كودېكسىغا ئۆزگىرىشلەرنى ۋە قوشۇمچىلارنى كىرگۈزۈش توغرىلىق»، «تارىخ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە تەبەت ئوبيېكتلىرىغا پايدىلىنىش ۋە ھىمايە قىلىش توغرىلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغانلىغى ئۈچۈن جىنايىي ۋە مەمۇرىي جاۋاپكەرلىكنى كۈچەيتىش توغرىلىق»، «ئاگرار– سانائەت كومپلېكسى ساھالىرىغا قەرز بېرىش ۋە دولەت چارە– تەدبىرلىرىنى مالىيە بىلەن تەمىنلەش توغرىلىق» قانۇن كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزۈش تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئۈنىنچى سېسسىيەنىڭ قىلىندى. «ۋالىيۇتىنى تۇراقلاشتۇرۇش توغرىلىق» قانۇن لايىھە ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى.

ھوكۇمەتنىڭ ۋە مىللىي بانكىنىڭ جۇمھۇرىيەت خەلىق ئېگىلىگىگە 1993– ژىلى قەرز پۇل بېرىش توغرىلىق تەكلىۋى قارالدى. بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشقا باغلىق قانۇن لايىھەلىرىنى ئىشلەپ چىقىش بويىچە ئىشچى توپى قۇرۇلدى. مەجلىسكە ۋىتسې– پرېزىدېنت ئېرىك ئاسانبايېۋ قاتناشتى.

(قاز تاگ).



## سېلىق سىستېمىسى ھەققىدە

17– مارت كۈنى پارلامېنت ئۆيىدە بىر قاتار خەلىق دېپۇتاتلىرى قازاقستاندا بولۇۋاتقان ئامېرىكا سېلىق فوندىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى.

ئۇچرىشىشنى ئىختىسادىي ئىسلاھات، بيۇدژېت ۋە مالىيە مەسىلىلىرى بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى سائۇق تەكژانوۋ ئاچتى. ئاقش دىكى ۋە قازاقستاندىكى موجۇت سېلىق سېلىش سىستېمىلىرى، ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئىمكانىيەتلىرى ۋە تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئىستىقباللىرى توغرىلىق پايدىلىق پىكىر ئېلىشىش بولۇپ ئۆتتى. ئامېرىكىلىقلار قازاقستانلىق كەسىپداشلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سېلىق سىستېمىسىنى ئۆز ئەينىي بويىچە قازاقستاندا جارىي قىلىش تەرەپدارى ئەمەس ئېكەنلىگىنى تەكىتلىدى. چەت ئەللىك كەسپداشلار تەرىپىدىن توپلانغان دۇنيا تەجرىبىسى ھەم كامچىلىقلار بىلەن تونۇشۇش جۇمھۇرىيەتكە تاماگەرلەر ئۈچۈن يېپىق ۋە بىر پۈتۈن سېلىق تەرتىۋىنى يارىتىشقا يار دەم بېرىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەۋەلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىمكانىنى كېڭەيتىدۇ.

چەت ئەل ئېكسپېرتلىرىنىڭ توپىغا قازاقستان ئىختىسادىنى ئىنۋېستىتسىيەلەشكە مەنپىيەتدار ئاقش نىڭ چوڭ سانائەت شىركەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ كىرگەن.

(قاز تاگ).

## ئۆز ئارا چۈشىنىش مەخسىتىدە

ئالمۇتىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ بىر قاتار سىياسىي پارتىيەلىرى ۋە كەسپىي ئىتتىپاقلىرى ۋەكىللىرىنىڭ «دۆگىلەك ئۈستەل» ئەتراپىدا نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا خەلىق كونگرېسسى، سوتسىال–دېموكراتىك، سوتسىالىستىك، كوممۇنىستىك، جۇمھۇرىيەتلىك «ئالاش»، «ئازات» دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەلىرىنىڭ ۋە «قازاقستان خەلىقلەر بىرلىگى» ئىتتىپاقىنىڭ، شۇنداقلا كەسپىي ئىتتىپاقلار فېدېراتسىيەسى كېڭىشىنىڭ ۋە مۇستەقىل كەسپىي ئىتتىپاق مەركىزىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

ئۇنىڭدا سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ۋە كەسپىي ئىتتىپاقلارنىڭ تۇراقلىق ئىشلەيدىغان مەسلىھەت كېڭىشىنى قۇرۇش توغرىلىق كېلىشىمنىڭ لايىھىسى، «دۆگىلەك ئۈستەل» ئەتراپىدا مەجلىسلەرنى ئۆتكۈزۈش رېگلامېنتى قارالدى. خەلىق دېپۇتاتلىرىنى سايلاش، ئالىي كېڭەش ۋە سىياسىي پارتىيەلەر توغرىلىق جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىنىڭ ئالتېرناتىۋ لايىھىلىرىنى بىرلىشىپ ئىشلەپ چىقىش مەسلىلىرى بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇش بولۇپ ئۆتتى.

(قاز تاگ).

## قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ تۇختامى

### دولەت مۈلكىنى خۇسۇسىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇش توغرىلىق

مۈلۈكنى دولەت قارىمىغىدىن ئېلىش ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇمۇمىي دولەت سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈش مەخسىتىدە **توختام قىلىمەن:**

1. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دولەت مۈلكى بويىچە دولەت كومىتېتى ۋە دولەت مۈلكى بويىچە تېررىتورىال كومىتېتلاردىن تەركىپ تاپقان جۇمھۇرىيەتلىك ۋە كوممۇنال مۈلۈكنى دولەت قارىمىغىدىن ئېلىش ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇش بويىچە دولەت ئورگانلىرىنىڭ ئۇمۇمىي سىستېمىسى قۇرۇلسۇن.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى دولەت مۈلكى بويىچە دولەت كومىتېتىغا جۇمھۇرىيەتلىك ھەم كوممۇنال مۈلۈكنى دولەت قارىمىغىدىن ئېلىش ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇمۇمىي دولەت سىياسىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ژۈرگۈزۈش ۋە نازارەت ئورنىتىش مەسلىلىرى ژۈكلەنسۇن.

2. يەرلىك مەمۇرىيەت ھاكىملىرى كوممۇنال مۈلۈكنى خۇسۇسىلاشتۇرۇش بويىچە موجۇت كومىتېتلارنى، كومىسسىيەلەرنى ۋە بۆلۈملەرنى تارقاتسۇن ۋە كېلەچەكتە كوممۇنال مۈلۈكنى دولەت قارىمىغىدىن ئېلىش ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇش بويىچە پاراللېل ئورگانلارنى قۇرمىسۇن.

3. يەرلىك مەمۇرىيەت ھاكىملىرىغا مۇۋاپىق مەمۇرىيەت ھاكىمىنىڭ ئورۇنباسارى لاۋازىمىغا دولەت مۈلكى بويىچە تېررىتورىال كومىتېتنىڭ رەئىسىنى تايىنلاش تەۋسىيە قىلىنسۇن.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى
ن. نازاربايېۋ.

ئالمۇتا، 1993–ژىل، 5–مارت.

# تەشەككۇرنامە

تەشەككۇرنامە

ۋەتەن، مىللەت مەنپىيتى يولدا مىللىي بايلىغىمىز بولغان گېزىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىزگۈ نىيىتى بىلەن قىلغان ئەتانە ئۈچۈن تۆۋەندە ئىسمى شەرىپى ئاتالغان ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۇر ئىزھار قىلىمىز.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى.

* * *

ئالىم كامالوۋ 1000سوم
ئىمام ئىبراھىموۋ 500سوم
مېجىت ئىمىنوۋ 500سوم
ئەزىز ئايۇپوۋ 400سوم
يەھيا تايىربې 200سوم
خالىت توختىيېۋ 200سوم
سېپىتجان شەرىپوۋ 100سوم
غوپۇر نىيازخوجايېۋ 100سوم
ئاۋاكرى شەرىپوۋ 100سوم
ماھمۇد ئەكرەم 100سوم
كامال ئاسىموۋ 200سوم

جەمئىي 3400سوم.

مەشرەپ بېگى ئەزىز ئايۇپوۋ ژىققان.

مېجىت يۇسۇپوۋ (مەشرەپ بېگى) 100سوم
ئابباس نومەروۋ 100سوم
ئامانتاي 100سوم
سۇلتان 100سوم
ئابلىز 100 سوم
ئابدۇرېشىت 100سوم
نىياز 100سوم
ئەخمەت 100سوم
ئەلى 100سوم
ئابدۇكېرىم 100سوم
ئابدۇرەخىم 100سوم
ئەزىمجان 100سوم
جامالدىن 100سوم.

جەمئىي 1300 سوم.

ئابباس نومەروۋ ژىققان.

* * *

ئاسىپجان نومەروۋ (مەشرەپ بېگى) 100سوم
دىلمۇرات نىيازوۋ 100سوم
ئابدۇۋەلى مەمەتوۋ 100سوم
ئابدۇخەمىت يۇسۇپوۋ 100سوم
ئاش مەھەممەت 100سوم
ئادىلجان ئەخمەتوۋ 100سوم
دىلشات ئەخمەتوۋ 100سوم
دىلشات ياقۇپوۋ 100سوم
ئەخمەتجان سادىروۋ 100سوم
ئابدۇرېھىم توختاخۇنوۋ 100سوم
ئەنۋەر توختىيېۋ 100سوم
زەرىپ ياقۇپوۋ 100سوم

جەمئىي 1200 سوم.

ئاسىپجان ئومەروۋ ژىققان.

* * *

ئىلمۇرات ئەخمەتوۋ (مەشرەپ بېگى) 100سوم
ئابدۇجېلىل مەمدوۋ 100سوم
ئوسمانجان نىيازوۋ 100سوم
دولقۇن نىزاموۋ 100سوم
سابىر قاسىموۋ 100سوم
ئابدۇساتتار قۇربان 100سوم
ئازات ئىمىنوۋ 100سوم
ياقۇپ ھاسامىدىن 100سوم
مۇزەپپەر قۇربانبايېۋ 100سوم

جەمئىي 900 سوم.

ئىلمۇرات ئەخمەتوۋ ژىققان.

جەمئىي 12300 سوم.

ئەئانىنى ئىمرەمزى نىيازوۋ تاپشۇردى.

ئالمۇتا: «درۇژبا» مەھەللىسىدىن:

شەمشىدىن ئىمانغوجايېۋ 431سوم
ئابلىكىم ئىمىنوۋ 300سوم
ھېبىبۇللا كامىلوۋ 500سوم

ئالمۇتا شەھرىدىن:

ئامان ۋاھىدوۋ 15000سوم
ئومەرجان ئىمىنوۋ 2000سوم

ياركەنت «ئەمگەكچى» مەھەللىسىدىن:

ساماخۇن رازىيېۋ 300سوم
تۇرسۇن مەسىموۋ 50سوم
ئىبراھىم ماھمۇتوۋ 100سوم
تۇرغان بەيدەروۋ 185سوم
قاسىم شەمشىيېۋ 100سوم
ئەخمەت بەيدەروۋ 100سوم
ئابدۇللام ئومەروۋ 150سوم
ئالىپ ئىلاخۇنوۋ 100سوم
نۇرى مەنسۇروۋ 100سوم
دىلشات كېبىروۋ 100سوم
ياقۇپ روزىيېۋ 150سوم
ھېۋىز بەشىروۋ 100سوم
سىدىق مەشرەپوۋ 100سوم
كېۋىر تۇردىيېۋ 100سوم
قاسىم ئەزىزوۋ 100سوم
ئىمەرجان يۇسۇپوۋ 100سوم
سادىق مەشرەپوۋ 100سوم
ئابدۇكېرىم سوپى 100سوم
ئاشپولات ئىمىن 100سوم
ئابدۇۋايىت 100سوم
ئابدۇكېرىم ئىلىيېۋ 200سوم
تۇرسۇن تېيىپوۋ 200سوم
قۇرۋان نىيازوۋ 200سوم
نەسرۇللا مۇسايېۋ 100سوم
مارات ئاسىموۋ 50سوم
ئادىل نىيازوۋ 50سوم
ئادىلجان ھېزىموۋ 100سوم
جامالدىن باقىيېۋ 100سوم
مەھەممەتجان 50سوم
مەمەتجان ئابتوۋ 50سوم
ساماساق مەسىموۋ 95سوم
ھاكىم ئۇلسايېۋ 50سوم
ئەخمەت ئىبراھىموۋ 50سوم
ئېكرام ئامەتوۋ 50سوم
مەنسۇر نىيازوۋ 50سوم
رۇستەم تايىروۋ 50سوم
ھوسمان ئىمىروۋ 50سوم
قۇرۋان سادىقوۋ 50سوم
مۇسا روزىيېۋ 50سوم
سىدىق ئىمام 50سوم
تۇرغان ئارۇپوۋ 50سوم
ئىبراھىم مەۋلان 50سوم
روزىجان مۇسايېۋ 50سوم

جەمئىي 4130سوم.

ئەئانىنى ساماخۇن رازىيېۋ ژىققان، رابىيەم سايىتوۋا بىلەن زورا بوۋى توختايېۋالار تاپشۇردى.

كوكتال يېزىسىدىن:

پولات سادىقوۋ 500سوم
نۇرلان ئىلياسوۋ 500سوم
رەخىم تايىپوۋ 500سوم
پازىل نىيازوۋ 500سوم
نۇرى ئەزىمەتوۋ 400سوم
شەمشى مەھەممەت 300سوم
جامالدىن ھەمرايېۋ 100سوم
تۇرسۇن پەخىردىنوۋ 100سوم
ئەمرۇللا مويدىنوۋ 100سوم
ئىمىنجان ئىمەروۋ 50سوم
ئىمام غاپپاروۋ 50سوم

جەمئىي 3100سوم.

ئەئانىنى گېزىتىمىزنىڭ جان كويەرى مەھەممەتجان مەمەتوۋ تاپشۇردى.

## گېزىتىمىزنىڭ جان كويەرلىرى



گېزىتتىن مىننەتدارمەن...

سىلەر بۇ سۈرەتتە كورۇپ تۇرغان مېھرىۋان ئانا «س س س ر سالامەتلىكنى ساقلاشنىڭ ئەلاچىسى»، ئەمگەك ۋېتېرانى ماھنۇر ۋاھىتوۋادۇر. ماھنۇر ھەدىمىز ئالمۇتا شەھىرىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇزىنىڭ كېلەلمىگەنلىك سەۋەبىنى ئوغلى ئامان ئارقىلىق يوللىغان خېتىدە مونۇ تۆۋەندىكىچە ئىزھار قىلغان:

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ تەھرىراتىغا!

مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى گرۇپپا ئاكا بولۇپ ياشاۋاتقىنىمغا ئۇزۇن ژىل بولدى. شۇ سەۋەپتىن قەدىمىم سىلەر تەرەپكە يېتەلمىدى. ئامما گېزىتىڭلار سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ئۇنىڭ ئەجايىپ ئىنسانپەرۋەر ئۇلۇق ئادەملىرىنى تونۇشتۇرۇش مەخسىتىدىكى، كىملەرگە ئىشىنىپ، كىملەرگە ئالدىنىپ كەلگەنلىگىمىزنى چۈشەندۈرۈش خۇسۇسىدىكى ۋە باشقا ھازىرقى ياشلارنى ئوز ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇرۇشتىكى مەزمۇنلۇق ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، ئاھايىتى خۇراسەنلىگىمنى يېتماقچىمەن.

ھەقىقەتەنمۇ گېزىت ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر خىل جايلىرىدا بىز ئوخشاش ۋەتەنسىز، باش ـ پاناسىز ئىزدەپ تارقاق ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىزغا بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن گېزىتىڭلاردىن بەك مىننەتدارمەن.

بولۇپمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي مۇئەسسەلىرىدىكە ئىگە بولغانلىقىنى ئوقۇپ، ئاھايىتىمۇ خوشال بولغانمەن. ئىلاھىم ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەينە شۇنداق قېرىنداش خەلقلەرگە ئوخشاش بەختلىك كۈنلەر تۇغۇلۇپ، قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئەندى قىسقىچىلا مەخسەتكە كەلسەك، بۇ كۈنلەردىكى ئىختىسادىي ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ، مەن بىر ئائىلىق تەپەقەمنى ئوغلۇم ئامانىنىڭ سىلەرگە ئاتىغىنىغا قوشۇپ، 15000سوم ئەۋەتتىم. ئاز بولسىمۇ قوبۇل ئالارسىلەر.

ھورمەت بىلەن ماھنۇر ۋاھىتوۋا.

بىز خەتنى ئېلىپ كەلگەن ئاماندىن ماھنۇر ھەدىمىزنىڭ سۈرىتىنى سورىدۇق. بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزغا بىنائەن ئامان ئاپىسىنىڭ تېلېفون نومىرىنى بېرىش بىلەن چەكلەندى.

ـ خەيرلىك ئىشقا سۈرىتىمنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، ئىنىم، ـ دېدى ماھنۇر ھەدەم كويۇمچان ئانىلارغا خاس سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن، ئانىنىڭ ھەر بىر سوزىدىن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھىس تۇيغۇسى سېزىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ ئوز نۆۋىتىمىزدە چەكسىز مىننەتدار ئىكەنلىگىمىزنى ئىزھار قىلدۇق.

ئېلىپبەنى ئۆگىنىمىز



